ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ چوڭ مەملىكەتلەرنىڭ ئۆز يولىنى تاللاپ چىقىشى بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىمۇ چوڭقۇر شارائىتتە مىللىي روھ ۋە مەدەنىيەت يېڭى قىزغىنلىق بولماي قالمايدۇ. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن بۇ ھەم ياخشى شارائىتنى تولۇق چۈشىنىپ، ئۆز ئانا يۇرتىنىڭ كېلەچىكى قالغانلىقىنى ئاڭلىق ھەم قىزغىنلىق بىلەن ئىسپاتلىماقتا. ئەپسۇسكى، خىتاي سوتسىيالىستىك ھاكىمىيىتى بولسا جاھانگىرلىك يۈرگۈزۈپ، تاشقى ۋەزىيەتنى قىلچىمۇ ھېسابقا ئالماي، ئۆزىنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ئەڭ كونا ھەم ئەشەددىي زۇلۇم دىكتاتۇرىسىنى بۇرۇنقىدەك داۋام قىلدۇرۇۋاتىدۇ.

ھازىرغىچە ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كېلىنگەن ھەر كۈنى 7 مىڭ خىتاي كۆچمەنلىرى چىقىۋاتىدۇ. ھەر كۈنى ۋەتىنىمىزنىڭ نېفىت زاۋۇتلىرىدىن 1500 توننا نېفىت ئىچكى خىتايغا توشۇلۇۋاتىدۇ. بىچە ئوتتۇرا يىل 6 تاي ئىچىدە يالغۇز قۇمۇل ئالتۇن كانىدىن 10 مىڭ سەر ساپ ئالتۇنىمىزنى بۇلاپ كەتتى. ۋەتىنىمىزدە ھەر كۈنى مۇقەددەس ھايات نۇرىنى كۆزى يورۇتقان 1200 بوۋاقلىرىمىزدىن 600 ى شۇ تۇغۇلغان يېرىدىلا ئۆلتۈرۈلۈپ تاشلىنىۋاتىدۇ. شۇ يىل كۈزىگە قەدەر مۇقەددەس 1600 ئايالنىڭ بالىسى مەجبۇرىي چۈشۈرۈلۈپ، 20 مىڭ ئايال ئۆزىنى مەجبۇرەن ئاختا قىلدۇرۇۋەردى. قەشقەرنىڭ قاراخوجام رايونىدا 22 مىڭ ئايالنىڭ تۇغۇش يولى مەجبۇرىي باغلىنىپ، ئەگەر ئېتقاد جىسمانىي ئازاب ۋە روھىي چۈشكۈنلىككە مۇپتىلا بولدى (ئۇرۇمچى رادىئوسىنىڭ ئۇچۇر خەۋەرلىرى). ھازىر ۋەتىنىمىزدە 90 دىن ئوشۇق تۈرمە ـ لاگېرلاردا 150 مىڭغا يېقىن مەھبۇسلار ئازاب چېكىۋاتىدۇ. بۇ سانغا بۇ يىل 8 ـ مارت قەشقەردىكى نامايىشتا قولغا ئېلىنغان 500 گە يېقىن مەھبۇسلار قوشۇلمايدۇ. ئەمەلىي ھازىر پۈتۈن ۋەتىنىمىزدىكى 200 مىڭدىن

ئوشۇق مىللىي كادىرلار ئىچىدە (بۈگۈنكى شىنجاڭدا 680 مىڭ كادىر بار. بۇنىڭ 480 مىڭى خىتاي) مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى دېگەن يېڭى مىللىي باستۇرۇش ئوگۇنۇشى ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ.

خەلقئارالىق ئاتوم كونترول قىلىنىش سەۋەبىدىن كېيىن بۇنىڭ قوللىنىشقا خىتاي لوپنۇر ئاتوم ـ يادرو سىناق مەيدانىدا ناھايىتى خەتەرلىك ۋە بىئولوگىيەلىك قوراللارنى بىر نەچچە يۈز قېتىم سىناق ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرقى يىللاردا ئۆلچىمى ئاشقان بىر تەجرىبە ئېلىپ باردى. ئوتتۇزلا يىلغا تەجرىبە ئېلىپ بېرىلغان خەلقئارالىق سىناقلار مەيدانى ئادەم روھىي ۋە بەدىنىگە زىيانلىق بولغان تۇرلۇك بىئولوگىيەلىك تەجرىبە مەيدانى بولۇپ، ئۇ يەردە ئاتوم ۋە خىمىيەلىك قوراللارنىڭ تەسىرىنى تەجرىبە قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇز يىلدا ئىچىدە ئۆلۈم بۇ ۋاقىتقا قەدەر ئۆزگىرىش، روھىي چۈشكۈنلۈكلەر يىلمۇ يىل كۆپەيدى. ئىنچىكە تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7 ياشلىق ئۇيغۇر بالىلارنىڭ ئوتتۇرىچە بويى 118 سانتىمېتىر، خىتاي بالىلارنىڭ 126 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ 55 تىنى ئاجىز بولغان. شۇ ياشتىكى ئۇيغۇر بالىلارنىڭ ساغلىقى 967 كىلوگرام، خىتاي بالىلارنىڭ 392 كىلوگرام بولغان.

ھەممىگە مەلۇم. بىزنىڭ ۋەتىنىمىز دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىسسىق ھەم مول ياخشى ئوسۇملۇكلەر زونىسى. ئۈرۈمچى رادىئوسى 1992 ـ يىل ئاپرېل كۈنلىرى خەۋەر قىلىشىچە كونكرېت سانى بويىچە مەلۇم بولمىغان يېڭى بىر بىئولوگىيەلىك ئاخىرەت مەقسەت خەۋپلىرى ئارقاتتى. رايون بويىچە كۆرۈلمىگەن چېچەك كېسىلى 4 ئىسلىپ چىقىپ ئارىسىدا دەپ ئۇنىڭ 7 دىن ئوشۇق ئېتىبارلىق يەرلىرىدە كۆپ يېزىلاردا شۇ كېسەللىك كۆرۈلگەن بولۇپ، بۇ كېسەل ئاخىرىدا يەنىلا بولۇپ، كېسەل ئاخىرقى ئۆلۈم بولغان. بۇنىڭ بىلەن ۋەتىنىمىز ئاخىرقى بىئولوگىيەلىك يەنە بىر قوشۇمچە ئاتوم ئاپىتى يەيدىغان بولغان.

مانا بۇ يەقەت خىتاي مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمى بىلەن سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا يۈز بېرىۋاتقان بالا ـ قازا، ئاپەتلەرنىڭ قانچە چىنلاشقان بولۇشى؟ نە ئۈچۈن چىنلاشقان بولمايدۇ! چۈنكى ئۇلۇغ شەرقىي تۈركىستان ياشىغۇچىلىرىغا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تۈزۈمى ئەمەس پۈتۈن دۇنيا

خەلقىمىز چىدىمايدۇ ۋە ھەم يول قويمايدۇ. بىز بۇ نىھايەت كەسكىن-لەشكەن مىللىي زىددىيەتلەر تۈپەيلى مۇشۇ پەيتتىن ئايرىلىپ ئۆتۈپ جۇڭگو سىياسىي ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىنى ئالدىن كۆرەلەيمىز، ئۇنىڭ بىرىنچىسى ۋە ئىشەنچلىك ئارىسى خىتايغا قارشى ئومۇمىي يۈزلۈك ئوت-ۋىلىشلەرنىڭ يۈز بېرىشى، ئۇ شەرقىي تۈركىستانغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەللەر ۋە دېموكراتىيە ھىمايە قىلىنىشى ۋە ئۆز ئارا سۆزلىشىشى مۇمكىن. ئىككىنچىسى، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى خەلقئارا ھەقىقەت رەسمىي بۇ مەسىلىگە ئايلىنىپ، دۇنيا خەلقىنىڭ خىتايغا بولغان بېسىمى كۈچىيىشى مۇمكىن. ئۈچىنچىسى، بېيجىڭدىكى ئىچكى ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىپ دىققەت بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى مۇشۇ ۋەزىيەتتە مۇۋاپىق چارىلەرنى ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن.

بىز شۇنداق ھېساپلايمىز. بىز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقانداق بىر قوراللىق توقۇنۇشلارنىڭ — قان تۆكۈلۈشلەرنىڭ بولۇشىنى خالىمايمىز. لېكىن شۇنى شەرت بىلەلەيمىزكى، خىتاي ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھازىرقى پۈتۈن ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي زوراۋانلىقلىرى بىلەن مىللىي ھاقارەتلىرىنى قەتئىي توختىتىپ، شەرقىي تۈركىستانغا يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كەلگەن ھەقىقانىي ھالدا ئەلبەتتە ئاساسىدا تولۇق ھەم زامانىۋى مىللىي مۇختارىيەت بېرىشى كېرەك. بىزنىڭچە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا سەھنىدە ئايان بولۇشىدىكى مەقسەت مۇشۇ پۈتۈن بىر مۇختارىيەت. ئەگەر بېيجىڭ ھازىر ئۆز ئىچىدە مۇزاكىرە قىلىۋاتقان يېڭى مۇختارىيەت ھەققىدە ئىچكى-تاشقى، مىللىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي شەرتلەرگە بوقىتىم ئەستايىدىل رىئايە قىلىپ، ئۇنى خەلقئاراغا ئېلان قىلسا — بۇ يولدا ئىشلىسە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتى قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ياردەملىشىدۇ. ئىسلاھات ئۈچۈن بىز بېيجىڭنى مۇشۇ يۆنىلىشنى قوبۇلنى بەرچە ئاچىلا ئەپكە قىلىشقا چاقىرىمىز. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئەزىز خۇرشىدلىرىمىزنى ۋە بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

1. قازاقىستان دائىرىلىرى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى 1.5 مىليوندىن ئوشۇق شەرقىي تۈركىستان قازاقلىرىنى قازاقىستانغا تولۇق كۆچۈرۈپ كېتىش ئۈچۈن خىتايغا ۋە شۇ قازاق قېرىنداشلىرىمىزغا مۇراجىئەت قىلىۋاتىدۇ. بىر خەلقنىڭ پۈتۈنلىكى ۋە ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا بۇ قانۇنىي ئەلبەتتە ھېچكىم قارشى چىقالمايدۇ. ئەمما ئۇيغۇر قازاقىستان بىلەن خىتاينىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قانۇنىي ئىگىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە زىيان يەتسە بۇنىڭغا ئۇيغۇر خەلقى ئەسلا يول قويمايدۇ. بىزنىڭچە بۇ مەسىلە قەتئىي تۈردە قازاقىستان بىلەن خىتاي ئارىسىدا قارار قىلىنىشى كېرەك. شەرقىي تۈركىستاندا بىرلىشىپ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى ۋۇجۇتقا كەلگەندە قازاقىستان بىلەن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسى مۇشۇ مەسىلىگە قوشۇلۇپ، ئىككى قېرىنداش ھۆكۈمەت ئۆزلىرى ھەل قىلىشلىرى كېرەك. بىز بۇيەردە خەلقىمىزنىڭ شۇ بىر سەمىمىي ئىشەنچىسى ئىپادە ئوتتۇرىغا كىرگەنلىكى، شەرقىي تۈركىستان قازاقلىرى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاتا ماكانى بولۇپ كەلگەن قۇتلۇق شەرقىي تۈركىستاننى تاشلاپ كەتمەيدۇ. كەلگۈسى ئۇلۇغ تۈرك بىرلىكى يولىدا ئەسىرى قان قېرىنداشى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن بىللە ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىدۇ. بۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۆلۈنمىگەنلىكى ئىستىقلالىيىتى يولىدىكى ئاساسىي جەڭ مەسىلە. بۇ مەسىلىدە قازاقىستاندىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سەمىمىي دىققەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولۇپمۇ ئۆزگىلىكى ئەسادا قەتئىي، سەمىمىي ۋە مۇستەھكەم بىرلىشىپ، ھازىرقى ھەل قىلغۇچ ۋەزىيەتتە ئۆزلىرى باشچىلىق قىلىشلىرى كېرەك. ئىسلام ئۈچۈن ۋەتەندىكى ھەر بىر قېرىنداشلىرىمىز شۇ كۈنلىرى ئۆز ساناپ كۆچۈۋاتقان مىللىي كەسكىنلىكلەرنى قان تۆكۈش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ھوقۇقىمىزنى قاتتىق تۇرۇپ ئەكسلەتىش يولى بىلەن ھەل قىلىشتا زامانىۋى خەلقئارا دىپلوماتىيەسىنى ئاخىرقى تۈردە پايدىلىنىشلىرى كېرەك. ئەپسۇسكى، بۇ تولىمۇ ئۇزاق، مۇرەككەپ يولنى ئومۇمەن داۋاماتى ھوقۇقچىلىق يايىلىپ نەمەس، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى بىلىشى كېرەك.

چەت ئەللەردىكى بارلىق سىياسىي-ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بىر ئىسانىي ئالىمى سىياسىي تەشكىلات بايراقى ئاستىغا بىرلىكتە ھالدا ئۇيۇشۇپ، پۈتۈن ئەقلى كۈچىنى، مال-مۈلكىنى مۇقەددەس ۋەتەننىڭ بۈيۈكلۈك ھەققى ۋە ئازادلىقى يولىغا سەرپ قىلىشلىرى لازىم. خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتى قازاقىستان بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ھەممە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى ھەمشەھەرلىك تونۇشۇپ بىرلىشىش ئاساسىنى بىلەن ئۆزىنى خەلقئارا سەھنىدە تونۇتۇشنى بىلگەن ۋە 15 يىلدىن بېرى ھېچكىمگە ۋە ھەرقانداق تۇسقۇنلۇقلارغا باش ئەگمىگەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتى ئەتراپىغا بىرلىشىشكە چاقىرىدۇ. بۇيەردە بىز شۇنى تەكىتلەيمىزكى، ھازىر مۇستەقىل دۆلەتلەردە يېڭى دەۋر باشلىنىپ تۇرۇۋاتقان مۇخالىپەتچىلىك (ئاپوزىتسىيە) بىلەن بالدۇرراق باشلانغان دېموكراتىيە بىزنىڭ ئۆتكۈنكى بىرلىك ھەرىكىتىمىزگە زىيان يا ئەمەس پايدىلىق بولىدۇ، بىز ئۇلارنى پەرقلىق ھالدا ئوربىتا سالغىنىمىز لازىم.

كېلىڭلار ئەزىز ۋەتەنداشلار، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىقلار چىڭ بىرلىشەيلى!

1993-يىلنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ھەقىقىي ۋە ئاخىرقى ئىستىقلالىيەت يىلى قىلىش ئۈچۈن كۈرەشەيلى!

## خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتىغا.

ھۆرمەتلىك كومىتېت يولباشچىلىرى. بىزلەر جىمكەنت ئوبلاستى، سارى ياغاچ ناھىيەسى ياشاۋاتقان مەملىكىتىنى ئوشۇق ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى سىز خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتىنىڭ تۈزۈلگىنىدىن تاكلاپ چەكسىز خۇرسەنت بولدۇق. سارى ياغاچتىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى بۇ كومىتېتنىڭ تۈزۈلگەنلىكىنى چىن ۋە توغرا دەپ بىلەن ئېتىراپ قىلىمىز. بىز كومىتېتنىڭ كېلەچەكتە شۇنداق تەرەققىي قىلىشىنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئازادلىقى ئۈچۈن، شۇنىڭدەك پۈتۈن دۇنيادىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ بېرىپ ئۆز ۋەتىنىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن رەھبەرلىك قىلىشىغا ئىشىنىمىز. شۇڭلاشقا ئۈچۈن بىز سارى ياغاچتا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتىنىڭ ھەرقانداق ئىش-پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ھەرقانداق ياردەم كېرەك بولسا ئۇنى بېرىشكە دائىم تەييار ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرىمىز.

سىزلەرنىڭ خەلقىمىزنىڭ كېلەچەك بەختى ئۈچۈن باشلىغان ئۇلۇغ يولۇڭلارغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز!

ھۆرمەت بىلەن:
جىمكەنت ئوبلاستى سارى ياغاچ ناھىيەسى
ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى نامىدىن:

ئەخمەتوۋ ئەخمەت
نازاروۋ ھەسەن
ئەزىزبايوۋ قادىر
ۋاجايوۋ يۈنۈس
ئەخمەتوۋ خەيرەت
مۇسايوۋ تۇرسۇن
قۇربانوۋ ئابدۇكېرىم

1992. 3-مارت

Шəркий Туркистан əвази

شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى

# مۇستەقىل قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستاندىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزغا مۇراجىئەت.

ئەزىز قېرىنداشلار!

تارىخىي دۈشمىنىمىز خىتاي قانخورلىرى ئولتۇرۇق ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا يەنە بىر قېتىم ئېغىر جىنايەت سادىر قىلدى. بۇ يىل 21-ماي پەيشەنبە سەھەردە 40 يىلدىن بېرى پالەك بەدەنلىرى ئاتوم ئوقلىرىدا 36 قېتىم پارتلىتىپ، ئالەمشۇمۇل ئازاب ئېكولوگىيەسىنى بۇلغاپ ئۆپكەلگەن لوبنۇردا ئىمىغىمىزدا 37-قېتىملىق ئەڭ كۈچلۈك ۋودورود بومبىسى سىناپ، مىللىتىمىز بېشىغا يېڭى ئەجەل ئوقۇبىتى چاچتى. خەلقئارا ئاتوم سىناقلىرىنى توختىتىش كېلىشىملىرىنى بۇزۇپ، پۈتۈن دۇنيا خەلقلىرىنى ئەنسىزلىككە سالدى.

خىتاي تۈرلۈك شوئارلىرى بوقاپ ھەربىي تەجرىبىلىرىنى ئەتەي مۇشۇنداق قىلدى. چۈنكى بۇ يىل 1990-يىل 24-27-ماي كۈنلىرى ئالمۇتىدا بولۇپ ئۆتكەن ئاتوم-يادرو ... لىرىگە قارشى خەلقئارا قازاق كونگرېسى ئۆتكەن ئەتىسى - يەنى 28-ماي كۈنى لوبنۇردا خۇددى مۇشۇنداق بىر كۈچلۈك ۋودورود بومبىسى سىناپ، تىنچلىقسۆيەر ئىنسانىيەتكە دوق قىلغان ئىدى. خىتاي ۋەھشىلىرى مانا بۇ سىغىنمىنى بۇ يىل 22-28-مارت كۈنلىرى ئالمۇتىدا بولۇپ ئۆتكەن خەلقئارا لوبنۇر كونفېرېنسىيىسىگە قارشى ئەتەي سادىر قىلدى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتى بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەتەنداشلىرىمىزغا تۆۋەندىكى مۇراجىئەتنى قىلىدۇ:

1. ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىق ئۆزىنىڭ پاك مىللىي نومۇسى بىلەن ۋىجدانىنى ئالا قىلىپ ئىككى كۆتۈرۈپ، خىتاي ۋەھشىلىرىگە ئەڭ كۈچلۈك لەنەت نەپرەتلىرىنى ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشى مىللىي كۆرەش ئىرادىلىرىنى قەتئىي ئىپادىلەش كېرەك.

2. ھەربىر ئەزىز-جىگەر، تۇغقان ۋە ئامىلىي مەيدانلاردا شەخسىي يوقىرىلىق ۋە ئەنئەنىۋى نارازىلىقلىرىنى ئوچۇق بايان قىلىپ، خىتاي ئەۋكەلچىلىكىنىڭ بۇ قاباھەتلىك ئېغىر جىنايىتىنى خەلقئارا ئالدىدا ئەيىبلەپ ئاشكارىلىشى كېرەك.

3. خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتى خىتاينىڭ بۇ ئېغىر جىنايىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن 26-ماي ئالمۇتىدىكى خىتاي ساپارەتخانىسى ئالدىغا توپلىنىپ كەچلىك نامايىش ئۆتكۈزىدۇ. پۈتۈن ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ بۇ نامايىشنى قوللىشىنى سورايمىز. كۆپچىلىكنىڭ چوڭ ھەم قەتئىي نارازىلىق بىلدۈرۈشى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەرقانداق مۇراسىمنى قوللىشىنى سورايدۇ. بۇ پائالىيەت قاچان، نەدە ئاشقانلىقى، تۈرى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تەشكىلىي قوللاپ جاسارەت بىلەن مەيدانغا چىقىشلىرىنى ئىلتىماس قىلىمىز.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتى خىتاينىڭ بۇ قېتىمقى خەلقئارا ئېغىر جىنايىتىنى قاتتىق قوللۇق ئەيىبلەپ، ئۇنىڭغا نارازىلىق بايان قىلغان روسىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئاقىش ھۆكۈمىتىگە ۋە ئۇنىڭ ئاجايىپ ئىنسانپەرۋەرلىك ئورۇنلىرىغا ۋە ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە سەمىمىي رەھمەت بىلدۈرىدۇ. بىز خەلقئارا سوزۇپ خىتاينىڭ ئاتوم-يادرو تەجرىبىلىرىنى ئەتەي تەشۋىقلەشكە قارشى كېلىشكەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى نۇرسۇلتان نازارباييۇنىڭ بۇ قېتىم خىتاينى قەتئىي ھىمايە قىلىشى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مازلۇملىقىغا ياخشىلىق ئەخىرلىكتە كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتى

خەلقئارا ئاتوم-سىنىقى كومىتېتىنىڭ لوبنۇر بۆلۈمى.

1992-25-ماي

دۆلەتلەر ئارا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتىنى « قوللاپ چىقتى، بۇ كومىتېتتا 45 كىشى لە
لەرپ ھەممە ۋەزىپىلەرنى ۋەدىلەيدى. خۇدا خالىسا يېقىندا يېڭى ھايات ئېلىپ مۇستەقىللىيەتنى
قامىي بىلەن موشۇ كومىتېت ئىختىيارىغا ئۆتتى، ھەققىي مىللەت تىنچلىققا ئاپىرىلسۇن. شۇ
يىل كىلە. — ۋەقە ھادىسە تۈزۈلۈشى ئۈچۈن دۆلەتلىك خىتاي ئاتوم پارتىلىتىشىنى ياتقۇزۇش ھەقسىدە
ئاتا تىلىق ئىسلاھات. شەرقىي كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئالەم خەلق ئارا كونفېرېنسىيە
ئۆتكۈزۈش كىچەمىز. بۇ قارار باشتا ھۆكۈمەتنى ئاخىرىغا بەلگىلىنىگەن ئىدى. ھازىر بۇ ھادىسە
ئاخىرىغا يېتىپ كەلدى. بۇ ھەقتە ھەر بىرلىرىگە ئېيتىلغان ئىدى. موشۇ پۇرسەتتە
ئالەمدىكى بار باشقا قوشۇپ، ئاۋسترالىيەدىكى تۈركلەرگە چۈشتۈرۈلگەن ياش سەپەرلەرنى دەۋە
ھەل قىلىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى يالغۇز قويۇپ ۋەتەنداشلار ھەر بىر-
لىرىڭىز ھەرقانداق ياردەم قىلغاي ئالەمدىكى كىشىلەرنىڭ چىن قەلبىدىن ئىلتىماس قىلىمەن.
بىز بۇ كونفېرېنسىيەدە قەسەم قىلىمىز ئاشقۇرى ھەر بىرلىرىڭىز ئالدىغا قويۇلغان
ناھايىتى چوڭ ھەقسە قىلىمىز بارە ئىنشائاللاھ !

ھۆرمەت بىلەن :

دۆلەتلەر ئارا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتىنىڭ رەئىسى.

ي. موخلىسى

دولەتلەر ئارا
شەرقىي تۈركىستان
كومىتېتىنىڭ
ئالاقىسى

إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَنْ تُؤَدُّوا الْأَمَانَاتِ إِلَىٰ أَهْلِهَا وَإِذَا حَكَمْتُمْ بَيْنَ النَّاسِ أَنْ تَحْكُمُوا بِالْعَدْلِ

إِنَّ اللَّهَ نِعِمَّا يَعِظُكُمْ بِهِ إِنَّ اللَّهَ كَانَ سَمِيعًا بَصِيرًا

ئىسلامىيەت  ئازادىيەت  ئەدالەت  ئۇخۇۋەت

ميلادى 1992
ئاي : شەۋۋال
كۈن : 9
№ 05

ياشاسۇن بىرلىك ۋەتەن تۈركىستان ئازادلىقى . قۇتلۇق بولسۇن ئىسلام ھاكىمىيىتى

كۆپ مۆھتەرەم رەھمەتۇللا تۈركىستانى، خۇدابەردى ئەپەندى، ئەركىن ئەپەندى، مۇھەممەت رىزا بېكىن ۋە ھامۇت كۆكتۈرك قېرىنداشلىرىمغا.

سېغىنىشلىق دۇئايى سالاملىرىمدىن كېيىن ھەممىڭلارنىڭ سالامەت بولۇشۇڭلارنى جاناب ئاللادىن تىلەيمەن.

ئەجەب مىللىتىمىزنىڭ ھېكمەتلىرىدە: «ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت» دېيىلگىنىدەك ئىنشائاللا ئۈلۈغ ۋە تىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭمۇ نۆۋىتى كېلىپ قالدى. يەنە شۇنداق مىسال بار. چېلىشقا چۈشكەن ئىككى ۋە قېچىپ نۆۋەت بېرىپ بىر، لېكىن ئۆزىنىڭ نۆۋىتىنى ھەرگىز بوش قويۇپ بەرمايدۇ. بىز ئۆزىمىزگە كەلگەن بۇ قېتىمقى نۆۋەتنى ئەمدى ئەسلا بوش قويۇپ بەرمەسلىكىمىز كېرەك!

بۇ ئادەمنى مىسال كەلتۈرۈشتىن مەقسەت، ھازىر غەربىي تۈركىستان دىيارلىرىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار تەجرىبە مىللەتنىڭ ئەتىكى ئۈچۈن بىر مىللىي بىرلىك سەپ، تۈركىيەدىن بىلىشتە بولغان پەيتتە كەلگەن ئۆز نۆۋىتىنى قولغا ئېلىپ، ھازىر بولسا قازاق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يار بەرگىنىگە ئېگە بولغان ئىدى. شۇ يىل ئەممىڭ تەجرىبە بويىچە 11 - ئاپرېلدا ئالمۇتىدا ئەيسا كۆز ئۇيغۇر ... تەجرىبە ھازىر بىرقىسىم ئالىيىمىز ئۇچۇن ئەلگە يايىلىشقا ۋە چاقىرىقان

شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى — Шоркий Туркистан авази

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللَّهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا

تولۇق ئاللاھ نامى ئاستىدا بىرلەشكەندە بولۇنمەيمىز.

# ئەخبارات

شۇ يىل 17-غىنۋار جۈمە كۈنى سائەت 3 بىلەن 4 ئارىسىدا، قازاقىستان دۆلەت دائىرىلىرىنىڭ (كازېنىڭ) ئۇيغۇر بولۇ-
مىز دۆلەتلەرئارا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتى مەيدانىدا ئەزالىرىنىڭ 2-قىسىملىق تومومى يىغىنى بولۇپ، ئىچكى مەمۇرىي سايلام
مەسىلىسى قاراپ چىقتى. بۇ يىغىندا مەيدانىنىڭ چەتئەلدە ئەزا سەۋەبلىرى تۈپەيلى قاتنىشالمىغان ۋە ئىللىرىدىن باشقا ئەزالار
تولۇق قاتناشتى. ئەۋۋەل كومىتېتنىڭ [illegible] بولۇمىنى سايلاپ چىقتى. بىرىنچى بولۇم كاتىبات ھەيئىتىگە ئازات ھېكىمبەگ، ھاشىم
بارى مۇخلىسى، نىزىر مولوتوۋلار بەلگىلىنىپ، بۇ ھەيئەتكە مىرئاخۇن رەئىسە ئامارا [illegible] قىزى رەھبەر بولدى. ئىككىنچى
ۋەتەن بولۇمىگە ئابابى قاسىمى باشلىق قىلىپ [illegible] شىرىپ ئاخۇن، ئەزىز ھەسەنوۋلار، ئوختىم ئاخۇن
ۋە روزى ئاخۇن سەيىتنوۋلار، ئۈچۈنچى مەتئەللەر [illegible] بىلەن ئالاقە قىلىشىش بولۇمىگە ئازات ھېكىمبەگ
باشلىق مۇھەممەت ئابدۇللا، [illegible] بۇ ئىككى بولۇمگە رەئىسى مۇخلىسى رەھبەر بولدى.
تۆرتىنچى مالىيە بولۇمىگە سەئىد ۋەلى [illegible] باشلىق زەينە قىزچى بويىنئا قوۋ، تۇرسۇن ئارزىيېۋ، ھادى مۇخلىسلەر بەلگۈ-
لىنىپ، بۇنىڭغا مىرئاخۇن رەئىس [illegible] رەھبەر بولدى. بەشىنچى ياشلار بىلەن مىرئاسەت بولۇمىگە روسلان
ئارزىيېۋ باشلىق ئابدۇجان ياقۇدوۋ، زەينە خۇن ئەزىزوۋلار بەلگىلىنىپ بۇنىڭغا مىرئاخۇنى رەئىس ئازات ھېكىمبەگ
رەھبەر بولدى.

ئاندىن ئىككىنچى مەسىلە قارىلىپ، كومىتېتنىڭ ئۆز نامى ۋە ئىستىقبالى [illegible] مۇۋاپىق ھازىرقى [illegible] دۇنيا-
دىكى دوست ۋە قېرىنداش مۇسۇلمان دۆلەتلەر [illegible] مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنىپ، بىرىنچى [illegible]
[illegible] ئۇرۇش [illegible] قولىمىز بىلەن [illegible]
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى [illegible] قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبەكىستان ۋە تۈركمەنىستانلارغا
بەش كىشىلىك ئىككىنچى [illegible] ۋە ئۇلارغا ۋەزىپە تاپشۇرۇلدى.

ئۈچۈنچى مەسىلە [illegible] كومىتېتنىڭ ئىقتىسادى. مالىيە ئىشلىرى قارىلىپ، ھازىر «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» [illegible]
[illegible] ئاتقان تولۇق [illegible] پۇل ھېساۋاتى [illegible]
[illegible] ئون كۈنلۈك [illegible] 10 [illegible]
[illegible] پۇل قىلىشقا [illegible].
سورەت (پلاكات) [illegible] سىياسىي [illegible]
[illegible] مۇخلىسى كومىتېت [illegible].
[illegible] شەرقىي تۈركىستان كومىتېتى [illegible] ياردەم [illegible]
[illegible] ياردەم بېرەيلى!
[illegible] كومىتېت مالىيە [illegible]
ئىقتىسادىي ياردەم بېرەيلى!

ئالمۇتا، 1992، 22-غىنۋار

# ئۇلۇق ۋەتەن خەلقىمىزنىڭ مۇراجىئەتلىرىگە چىن قەلبىمىز بىلەن قوشۇلايلى. تىلەكلىرىگە دەرمان بولۇپ تەلەپلىرىنى ئورۇنلاشقا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن، ۋىجدانىمىز بىلەن ياردەم قىلايلى!

«شەرقى تۈركىستان ئاۋازى» ئەزىز ۋەتەن خەلقىمىزدىن بۇ مۇراجىئەتنامەنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇنى دەرھال كۆپەيتىپ تارقاتتى. ھەر بىر ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ قولدىن-قولغا ئېلىپ ئوقۇپ ئاۋاز قوشۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شەرقى تۈركىستان ئاۋازى    18-ماي    1992

# پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا، ئىنسان ھوقۇقلىرىنى قوغداش مەھكىمىلىرىگە ۋە جەمئىيەتلەردىكى بارلىق ۋەتەنداشلىرىمىزغا مۇراجىئەت .

بىزكى خىتاي يىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئاچ، يالىڭاچ، قاششاڭ، كەمبەغەل تۇرمۇشتا كىشىلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ، ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ زارا چىقتى.

1- بىزنىڭ ئانا يۇرتىمىزنىڭ ئەسلى ئىسمى شەرقى تۈركىستان بولۇپ، خىتايلار يېقىنقى ئەچچە يۈز يىللىق ئالدىدا بىزنى موستەملىكە قىلغاندا بۇ ئىسىمنى ئۆزگەرتىپ «شىنجاڭ» - يېڭى يەر، يېڭى چېگرا دېگەن ئاتنى قوللانغان. خىتاي يىنىڭ ئەسلى زېمىنى چوڭ سېپىلنىڭ (سەددىچىنى) ئىچىدە دۇر.

2- شەرقى تۈركىستاندا خىتاي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى 30- يىللاردا مەمتىمىن بۇغرا رەھبەرلىكىدىكى خوتەن ئىسلام ئىنقىلابى، قومۇل غوجىنىياز ھاجى دېگەنلەر ئىنقىلابى، 40- يىللاردا ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ غەلىبىگە ئېرىشتى لېكىن قانخور ئەبلەخ ستالىننىڭ خىتاي كومۇنىستلىرىغا سېتىۋېتىش بىلەن بۇ ئىككى قېتىملىق ئىنقىلاب پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئەجدادلىرىمىز ئاققۇزغان قانلار بىكارغا كېتىپ ئۇيغۇر مىللىتى ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆز موستەقىللىقىدىن ئايرىلىپ قالدى.

3- خىتاي شەرقى تۈركىستاننى ئىككىنچى قېتىم موستەملىكە قىلغاندىن كېيىن ۋاڭ جېن، ۋاڭ ئېنماۋ، ۋۇلۇشۇچاڭ قاتارلىق تۈركىستان خەلقىنىڭ قان ئەزىمىكى بولغان ۋەھشى جاللاتلار «3 ۋىلايەت» ئارمىيىسىنى تارقىتىۋېتىش، قوشۇۋېتىش، پان تۈركىست دەپ تۆھمەت چاپلاپ ئۆلتۈرۈش، تۈرمىگە تاشلاش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن يەپ يۇتاتتى. ئۇنىڭچە مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش دېگەن ئاتالمىش سىنىپى كۈرەشتىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرچىلىقنىڭ يۈز مىڭلىغان ئوقۇمۇشلۇق مونەۋۋەر پەرزەنتلىرىنى، زىيالىلىرىنى

قاتتىقىرىپ ۋە قان چىقارماي، ئاشكارە ۋە مەخپىي يول بىلەن ئۆلتۈ-
رۈپ تۈگەتتى، تۈرمىلەر ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
باتۇر ئوغلانلىرى بىلەن توشۇپ كەتتى.

4- شەرقىي تۈركىستان ئىلىنىڭ يەر مەيدانى بىر مىليون ئالتە يۈز ئاتمىش
مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ ئالتۇن، كۈمۈش، نېفىت، ئۇران، كۆمۈر،
تۆمۈر، قاش تېشى، ياقۇت، گۆھەر، ئالماس قاتارلىق قىممەت باھالىق كان
بايلىقى، ئورمانچىلىق بايلىقى مول دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، باغۋەنچى-
لىك يەل-يېمىشلىرى، سۇ بايلىقى، چەكسىز كەتكەن چارۋىچىلىق بايلىقى،
تەڭرىتېغى، كۆئېنلۇن تېغى، پامىر تېغى، ئالتاي تېغى قاتارلىق مەشھۇر
تاغلارنىڭ ئاستىدا، دۇنياغا مەشھۇر تەكلىماكان ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتـ-
قان بىھېساپ بايلىققا ئىگە گۈزەل مۇنبەت زېمىندۇر.

5- مۇشۇنداق داڭلىق زېمىننىڭ، بايلىقىنىڭ ئۆز خوجايىنى بولغان
تۈركىستان خەلقى بۇ نېمەتلەرگە ئىگە بولۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىپ
كەمبەغەللىك موھتاجلىق دەستىدىن جىگەر كېسەلى، ئۆپكە تېبىركۇليوزى
ۋابا، دىزىنتىرىيە گە ئوخشاش، ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇدھىش كېسەللەر
بىلەن ئاغرىپ ئىڭراپ، يۈز مىڭلاپ ئۆلمەكتە،

6- ۋاڭ جېنلات توقۇپ چىققان مىللىتىڭ ئاستىدىكى « مىللەتلەر ئىتتىـ-
پاقلىقى »، « ئىككى ئايرىلالماسلىق » دېگەن تۈرلۈك پەردىلەر ئۇيغۇرلار-
نى ئالدايدىغان يەم قىلىدىغان قىلتاق بولۇپ، ئۇيغۇرلارنى چىرايلىق
سۆز بىلەن باپلاش، ئەدىۋىسى بېرىش، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈيدۇرماي قېنىنى
شوراشتىن ئىبارەتتۇر. ۋاڭ جېنلاتنىڭ بۇ ئىنجا دېيىشى مەركىزىي ھۆكۈمەت
قوللاپ قانۇنلاشتۇرۇپ بېيجىڭدا مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاق قىلغى
يىغىنىنى ئاچتى. ( مىللىي ئىتتىپاق قىلىقنىڭ ماھىيىتى خىتاي يەرلىكنىڭ ھەر نېمە
قىلىشىغا يول قويۇش. ئۇيغۇرلارنىڭ پەقەت يۇۋاش ئىلىق بىلەن بوي سۇنۇشتىن
ئىبارەتتۇر )

7- خىتاي كوممۇنىست مۇستەملىكىچىلىرى 40 يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ
بايلىقىنى ئىچكىرىگە توشۇۋاتقىنىغا قانائەت قىلماستىن ھازىر تېخىمۇ

ھالجىرلىتىپ «شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى ئۆزلەشتۈرۈش» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ مەقسىدى، شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى ئېچىپ، كۆچمەنلەرنى كۆپ توشۇش ۋە ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا مىليونلاپ خىتاي ئېلىپ چىقىپ ماكانلاشتۇرۇش، ھازىر شىمالىي شىنجاڭنى خىتاي بىلەن توشقۇزۇپ بولدى. ئەمدى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خىتاي بىلەن تولۇپ بولغان ئاقسۇ قەشقەر كورلىدىن باشقا رايونلىرىغا خىتاي يېڭى تۈركۈملەپ جىسمەن پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرماقتا، چاقىلىق، لىپىڭ، ۋاگچىلىڭ، ۋاڭخى ئىنشائاتلار ئاۋلاقلار جەنۇبىي شىنجاڭنى ئاپىتا كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشتىكى مەقسىتى دەل مۇشۇ يەردە.

8- جەنۇبىي شىنجاڭدىكى «ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنى كەمبە-غەللىكتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بېرىش» شوئارى ئاستىدا مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئورۇنلارنىڭ مول بايلىق مەنبەسى بار بولۇپ، مۇشۇنىڭ ئازغىنە قىسمىنىلا سەرپ قىلىنسىلا جەنۇبىي شىن-جاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتىپ ئاشىدۇ.

9- شىنجاڭنى ئاتالمىش ئاپتونوم ئوبلاستقا بۆلۈپ باشقۇرۇش - خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى پارچىلاپ يوقۇتۇش، شىنجاڭدىكى كۆپ مىللەتلىك رايون دەپ تەكىتلەشى شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن ئۇيغۇر مىللىتىنى ئاساس قىلغان تۈرك خەلقلىرىنىڭ ماكانى دېگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈندۇر. (شۇندا قىلىپ پارچىلاپ ئىدارە قىلىش، تۈركىي مىللەتلەرنى بىر-بىرىگە سېلىش، ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش ئۈچۈندۇر)

10- ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دېگەن ئىسمى بار جىسمى يوق قۇرۇق نەرسىدۇر. ئەمەلىيەتتە ئاپتونوم رايوننىڭ پۈتۈن ھاكىمىيىتى خىتايلارنىڭ قولىدىدۇر. ئۇيغۇر باشلىقلار ھوقۇقى يوق قۇرۇق ھەيكەل. ئۇيغۇر باشلىقلارنىڭ بۇرچى، ئۇيغۇر مىللىتىنى خىتاي ئۈچۈن ئىشلىتىپ بېرىش ۋە خىتاي مەنپەئەتى ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

11- 1985- يىلى 12-ئاينىڭ 12- كۈنى ئۈرۈمچىدە خىتاي ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى ئۇن نەچچە مىڭ ئوقۇغۇچى نامايىش قىلدى، ئۇلارنىڭ شوئارى

(1) خىتايلار شىنجاڭدىن چىقىپ كەتسۇن. (2) شىنجاڭ ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرسۇن. (3) ئاتوم بومبىسىنى شىنجاڭدا سىناق قىلمىسۇن. (4) ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە پىلانلىق تۇغۇت ئېلىپ بارمىسۇن. (5) ئۇيغۇرلارنىڭ پەن تېخنىكا ۋە ماتېرىيال ئىشلىرىنى ئەركىن قىلدۇرسۇن. ئۇيغۇرلاردىن چەتئەلگە كۆپلەپ ئوقۇغۇچى چىقارسۇن. (6) ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا خىتاي كېلىپ كۆچۈشنى توختاتسۇن. (7) شىنجاڭدا دېموكراتىك سايلام ئېلىپ بارسۇن. (8) ئۇيغۇرلار ئۆز مۇقەددەس ئۆز تىلى ئۆزى تىنچ بولسۇن. (9) شىنجاڭنىڭ ئۆز بايلىقىنى ئۆزىگە ئىشلەتسۇن. ( ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بۇ ئوقۇغۇچىلارنى چارلاپ ئارقىسىدىن گۇرۇپپا بېرىپ شىنجاڭنىڭ ئەڭ يىراق جاپالىق يەرلىرىگە ئەۋەتتى.)

-17 1987-يىلى 12-ئاينىڭ 17-كۈنى شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرى، ئونىۋېرسىتېت ئىچىدىكى خىتايلار تەرىپىدىن يېزىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرىنى قۇل قىلىمىز، قىزلىرىنى دېدەك قىلىمىز» دېگەن ئۇيغۇرلارنى خورلايدىغان بۇ سەبىق شوئارغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش قىلدى. بۇ نامايىشقا پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى قاتتىق غەزەپلەندى.

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدە خىتايلار ئۇيغۇرلارنى سەۋەبسىز ئۇرۇش، ئۆلتۈرۈۋېتىش، ئىچكىرىگە تىجارەت قىلىپ بارغان ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈش، بۇلاش، ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئازدۇرۇپ ئېلىپ كېتىش، كىچىك بالىلار يۈتتۈرۈپ كېتىش قاتارلىق ۋەقەلەر كۆپلەپ يۈز بەرمەكتە.

-19 ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەر يېتىشمەيدۇ. كۆپىرەك كەتكەن رەسمىيەت قىلىنمىغان، ئەمما ئۈسكۈنىلىرى يوق دېيەرلىك ھەتتا ئەزەلدىن ئۇيغۇرلار ئوقۇپ كەلگەن مەكتەپلەرنى خىتايلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكتىن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار مەكتەپسىز قېلىپ خىتايلار بىلەن بىرگە ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئونىۋېرسىتېتقا كىرىپ ئوقۇشى ناھايىتى قىيىن، ئونىۋېرسىتېتقا كىرىشتە خىتايلار قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ مەخسۇس ئۇيغۇرلارنى ئامال بار ئۆتكۈزمەسلىك، ئوتتۇرا مەكتەپنى قالدۇرۇشتىن ئىبارەت، نومۇر توشمىغان يا شالار ئونىۋېرسىتېتقا كىرىپ ئوقۇيالماي، ئوقۇشسىز بولۇپ كوچىلاردا سەرگەردان

بولۇپ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ھەر خىل زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىپ ئارىدىن چىقماقتا، جىنايەتچىلىككە ئارىلاشماقتا. (ئۇيغۇر زىيالىيلىرى نىڭ نىسبىتى ھەرقانداق ئازسانلىق مىللەت نىسبىتىدىن ناھايىتى ئاز بو- لۇپ كۆپەيگەندە قالغان ).

15. ھۆكۈمەت تەرەپ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى 6 مىليونغا يەتمە- يەتكۈزۈپ ئېلان قىلدى. ئەمەلىيەتتە 15 مىليوندىن ئارتۇق !.

ۋەھالەنكى 7- ئايدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ 2 دىن ئارتۇق بالا ئاپىلىسىنى دېگەن .. ئىسمىنى يۈرگۈزدى بۇ ئۈچىنچى چىققان ئۈمىدسىزلىق بولۇپ نەسلىنى قۇرۇتۇش سىياسىتىدۇر. (ئۇيغۇرلاردا بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى، كىشىلەر .. كېسەل بولۇپ ئۆلۈش، ۋە باشقا سەۋەبلەردىن ئۆلۈش نىسبىتى، كۆپىيىش نىسبىتىگە قارىغاندا ناھايىتى چوڭدۇر ).

16. شىنجاڭدا پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە دېگەن ئۈچ ھاكىمىيەت ئور- گىنىدىن باشقا بىڭتۇەن (قورۇلۇش ئارمىيىسى) دېگەن تۆتىنچى بىر ھاكىمىيەت ئورگىنى بار. بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى گومىنداڭنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلىرى، ئىچكىرىدىن ئەپچىققان جىنايەتچىلەر ۋە باشقىلار. بۇلار ئۇيغۇرچە ئېلىرىشتىن مۇنبەت يەرلىرىنى، ياخشى سۇ مەنبەلىرىنى ئارتۇقلۇق ئۆز ئالدىغا كۆلىمى ناھايىتى چوڭ يېزا ئىگىلىك ۋە سانائەت ئورۇنلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شىنجاڭنىڭ باشقىلىرىنى قاقتى سوقتى قىلىپ تالان-تاراج قىلماقتا. بۇلار ئۆز ئالدىغا بىر مۇستەقىل پادىشالىق بولۇپ .. قورال لىق ئارمىيىسى بار. ساقچى قاتارلىق ھەممە ھاكىمىيەت ئاپپارات لىرى بار. ئەمەلىيەتتە بۇلار شەكلى ئۆزگەرگەن جەڭگىۋار مۇداپىيە ئارمىيىسىدۇر. بۇلار شىنجاڭنىڭ پۈتۈن چېگرىسى بويلاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇلار بىلەن ئۇيغۇ- رلار ئوتتۇرىسىدا يەر، سۇ تالىشىش قاتارلىق توقۇنۇشلار بولۇپ تۇرىدۇ. دېمەك ئۇيغۇرچىلىقى 4 قەۋەت ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ئېزىلمەكتە.

17. ھازىر قارىماققا مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتلىرىنى ئېچىپ ئىبادەت قىلىشقا- تەدا ن، تىجارەتچىلەر دۇكانلىرىنى ئېچىپ تىجارەت قىلىشقا تەقان ئىسنچەر كىرى ھالەت كۆزگە چېلىقىدۇر، لېكىن بۇ خەتتا يەنىڭ ئۇيغۇرچىلىقنى يوقىتىش لايىھىلەنگەن، ئادا نىلاشتۇرۇلغان، مەس قىلىنغان زەھەرلىك دورىسىدۇر.

خىتاي كۆزمەنچىلىرىنىڭ ئەخلاقلىرىنىڭ ئەندىشىگە ۋارىسلىق قىلىپ، موستە-
مەملىكەتتە شاۋۇرۇشتىكى ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى نامايەندىسىدۇر. بىچارە ئوقۇش-
سىز، ئىشسىز قالغان ياشلار تېررورچىلىق قىلىش ئۈچۈن، تاماكا چېكىش،
ئاراق ئىچىش، قارتا ئويناش ئىشلىرىنى قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە
مەجبۇر بولماقتا. ئاخۇنلارنىڭ ناماز ئوقۇپ خەلقنى تىنچلاندۇرۇپ تۇرۇشى
مىسلى كۆرۈلمىگەن. ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق ھۆكۈمەت قولىدىكى تەشكىلاتلار
ئارقىلىق تىزگىنلىنىپ تۇرۇلدۇ. بۇ كوممۇنىستلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش
ئۈچۈن، خۇددى «بىر لەگەن سەپكە» ئوخشاش ناھايىتى ئۈنۈملۈك قورالىدۇر.

18- ئاق جاللاتلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئىشلەتمەسلىكتىكى ھىلە نەيرەڭگى،
«تەجرىبىلىك، پىشقەدەم، مەدەنىي سەۋىيىسى بار، ئىش بىلەرمانلىق بىر
بىلەن قالغان ياكى ئۆزىنگە بولغان ئىشەنچىسى مەسىلىسى تۈپەيلى، بۇ قۇرۇلغا
ئورۇنلاشتۇرۇش، يېتەكچى قاتارلىق چىرايلىق نامالار بىلەن بۇ قۇرۇلۇش ئۇنىڭ ئور-
نىغا يېتىدۇ. خام، ئىش بىلمەيدىغان، ياش ناداللارنى ئىشقا قويۇش
(مەلۇم ئونا يىل تۇرمۇش بىلەن ھامىدىن بۇنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولىنىدىكى
مەقسەت ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قول قىلىش پىلانىنى توسقۇنلۇقسىز ئىجرا قىلىش).

19- 1970- يىلى شىنجاڭ تارىخىدا ئىككىنچى قېتىملىق ئۇيغۇرلارنى
سۈرگۈن قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇنى «تارقىتىش» دەپ ئاتىدى. نەچچە-
مىڭ يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنى توغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانلىرىدىن ئايرىپ،
شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت چۆل جەزىرىلىرىگە ھەيدەپ ئاپاردى. بۇ جەرياندا
نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆي ماكان ماللىرىدىن ھەتتا جانلىرىدىن ئايرىل-
دى خانىۋەيران بولدى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا خىتاي يىنە كۆپ ئورۇنلاشتۇردى.
ھازىر ئاق جاللات شىنجاڭنى خىتاي بىلەن تويۇندۇرۇپ، توشقۇزۇپ بىر تال
ئوق بىر تال ئەسكەر ئىشلەتمەي «ئادەم دېڭىزى» تاكتىكىسى بىلەن باشقۇ-
رۇش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جان تالاشماقتا.

20- شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ بىر پارچە لوك گۆشتىن ئايرىلىپ قېلىشقا
خىتاي بىنىڭ ھەرگىزمۇ كۆزى قىيمايدۇ. ئۇزاق ۋاقىتلار ئۆزىنىڭ پۈتۈن جەھدى
جەھتىنى ئاشلاپ كېلىپ شىنجاڭنى كۆرسىتىپ قويۇپ كەتتى. خىتاي ھازىر ھەر
تاندا ۋە ئاقىتتىكىدىن بەك ئىشەنچ بىلەن شىنجاڭنى ئېچىپ پىلانىنى قولغا-

ەلەپ شىمال گىنى بالماي بوتوشقا بەتۈن كۈچى بىلەن تىرىشماقتا . ئامېرى-
كا ۋە، موسۇلمانلار دۇنياسى، پۈتۈن دۇنيادىكى تۈركى خەلقلەر جۈملىدىن
ئۇيغۇرلار بىرگە، شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازىغا قولاق سېلى-
شلارىمىزنىڭ كىشىلىك ھوقوقىمىز ئۈچۈن ئەركىنلىكىمىز ئۈچۈن، مەنىۋى ۋە
ماددى ياردەم قىلىڭلار ، بىزنىڭ باللىرىمىزنى زورلۇق بىلەن ئوقۇتۇپ
تەربىيەلەپ بېرىڭلار چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلار ئىتتىپاق قىلىشىپ دالاي لاماغا
ئوخشاش ھۆكۈمەت قۇرۇڭلار ، خەلقارا سىياسى سەھنىگە چىقىڭلار . ئېزىلىۋات-
قان ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن سۆزلەڭلار بىزنىڭ ئاۋازىمىزنى پۈتۈن دۇ-
نياغا ئاڭلىتىڭلار . يولى بارلار بۇ ئادالەتلىك مۇقەددەس ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن
ئۆزلىرىنى تەرتىپ قىلىڭلار ، زىيالىلار قەلەملىرىنى ئىشقا سېلىڭلار .
ئادەم بالىسى قولىدىن ، دېگەن بۇ بىزنىڭ سۆزى بار .

21- مائارىپ يەنى مەكتەپلەردىكى بارلىق دەرسلىك كىتابلار دىن-
مىز . تىلىمىز ، ھۆرمەت زورنال ، كىنو قاتارلىق تەشۋىقات ئورگانلىرى-
دا يۇقىرىدىكى خىتايلارنىڭ تارىخى ، مەدەنىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نەر-
سىلەر كۈچەيتىپ تەشۋىق قىلىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى ئاڭ سېزىمنى يوقىتو-
لۇپ ، ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ئۈچۈن ، شەرت شارائىت ھازىرلىماقتا . ئۇيغۇر-
لارنىڭ تارىخى ، مەدەنىيىتى ، ئەجدادلىرى توغرۇلۇق ھېچ قانداق سۆز قىلى-
شقا تەشۋىق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ . يالغان تارىخ ئويدۇرۇپ
چىقىپ ، ئۇيغۇر خەلقىنى قايمۇقتۇرۇپ ، ئۆز تارىخىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا تى-
رىشماقتا .

22- ھازىر شەرقى تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى بىلىدىغان
تارىخشۇناس ، جەمئىيەتشۇناس ، مەشھۇر ئەربابلىرى ئاھايىتى ئازغىنە
ئۇلار شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەقىقى تارىخىنى يېزىپ قالدۇرۇشقا ئامال-
سىز قالماقتا . ئۇلارنىڭ كەينىدە ياللانچى ئىشپىيونلار بار بولۇپ نەقىپ
ئاستىغا ئېلىنغاندۇر . بەزىلىرى تۇيۇقسىز ، سەۋەپسىز ئۆلۈپ كېتىش
ئەھۋاللىرىمۇ يۈز بەردى .

23- شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ
مەنىگە چەكلەپ تۇتقان يوقلاش ، سايا ھەت قىلىش ئىشلىرى ئۇرغۇن توسقۇن-

ئۇغا ئۆزجىمىسىغا قىتا ، ھەمىشەن: رەسمىيەت ئۆتەش قائىدىلىرىنىڭ كۆپلىكى،
باشتىن تۆۋەنلىرىنى چەت ئەلگە چىقارماسلىق، ئامېرىكا دوللىرىنى
ئۆزى تەسارلىمىسا چەت ئەلگە چىقارماسلىق، چەت ئەلگە چىقىشتا سىياسى
تەرتىپنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ھەججە بارغۇچىلارغا قولايلىق يارىتىپ بەـ
رمەسلىكلەر قاتارلىقلار. (شىنجاڭنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ئىمىنوپ
ۋىسالى بايىدا يېزىپ بەرگەن ئون نەچچە بەتلىك ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلۈش ۋەقە-
سىنى ئاشكارىلاپ قويغىنى ئۈچۈن ٧٠- يىلى شىنجاڭ بويىچە يۈرگۈزۈل-
گەن كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىقتا دوختورخانىدا سۇيقەست بىلەن ئۆلتۈ-
رۈلدى).

-24 سىرتتىن كېلىدىغان گېزىت، ژۇرنال، كىتاب ۋە باشقىلار قاتـ
ـتىق چەكلەنگەن .

-25 ھازىر خىتاي ھەدەپ دېڭىز بويلىرىنى چەت ئەلگە ئېچىۋېتىپ
ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلدۇرماقتا ، ئەكسىچە شىنجاڭنى چەت بىلەن ئالاقە قىلىشقا چەك-
لەپ تۇرۇۋاتىدۇ. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ دۇنيا جامائەتچىلىكى بىلەن ئەركىن باردى-كەل-
دى قىلىشقا يول قويماي ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن بولغان كۈرەش
ھەرىكىتىنى ئۈزچۈل چەكلەۋاتقانلىقى .

-26 ھازىر خىتاي تۈركىيە ، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېچىۋېتىل-
گەن بولسىمۇ شەرقىي تۈركىستان بۇ خىتايلار ئىچىدە، بۇ ئىككى ئىنچىكىلىك، پاراكەن-
دىلىك تېرىپ، مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ نورمال لىنىيە يائالىيەت ئېلىپ
بېرىشىنى ئېلىپ بېرىپ، ھەج ئىشلىرىغا زور توسقۇنلۇق قىلىپ قىيىنچىلىق
تۇغدۇرماقتا . ھەمدە ئەشۇ ئەھۋال ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ،
مۇھاجىرلىرىمىزغا باش پانا بولماسلىق، ئوقۇشۇ ئىشلىرىغا قولايلىق
تۇغدۇرۇپ بەرمەسلىك ھەققىدە بېسىم ئىشلەتمەكتە .

-27 خىتاي « ئازاتلىق رادىيوسى »، « ئەركىن ياۋروپا رادىيوسى »،
« پاكىستان رادىيوسى »، « تۈركىيە ئاۋازى »، « ئامېرىكا ئاۋازى »
قاتارلىق تۈركىي تىللاردا ئاڭلىتىش بېرىدىغان رادىيولارنىڭ دولقۇنلىرىـ
ـنى قاتتىق قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئاڭلىشىمىزغا يول قويماي ئۆۋۋاتىدۇ.
بىزنىڭ قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىمىز ،

ھەمدە دۇنيادا ماتەجىللىگىنىڭ بۇۋاقىتۇنسىز قىلىنىشىنى قاتتىق ئەيىپلەشى
نى سورايمىز .

(+) 28 — « ئامېرىكا ئاۋازى » رادىيوسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا يىتقىن
پەردىن ئاڭلىتىش بىرىشلارنى مۇمكىن بولسا ئۇيغۇر تىلىدا مەخسۇس
ئاڭلىتىش بىرىشلارنى ئۈمۈت قىلىمىز . پۈتۈن دۇنيادىكى موسۇلمانلار
بىرلەشەيلى ! ئازاتلىق ، ئەركىنلىك ، موستەقىللىق ئۈچۈن كۆرەش
قىلايلى ! ، ئاللاھ بىزگە مەددەدبولسۇن ! ئىلاھى ئامىن ، ئاللاھۇ ئەكبەر !

موسو ٢ ك

Шәрқий Түркистан авази | شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى

وَٱعْتَصِمُوا بِحَبْلِ ٱللَّهِ
جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا

# ئەخبارات

شۇ يىل 28 - دېكابىر ئالمۇتىنىڭ دوستلۇق مەھەللىسىدىكى مەمەتئاي ھاجىم سارىيىدا ئالمۇتا ۋە بىشكەكتىن كەلگەن بىر توپ ئۇيغۇر ۋە تەنپەرۋەرلىرنىڭ كۆپتىن بېرى كۈتۈپ كەلگەن چوڭ سىياسىي ئەھمىيەتلىك بىر قېتىملىق باش قوشۇش مەجلىسى بولۇپ ئۆتتى. بۇ مەجلىس شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي مىللىي بىرلىك سېپىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن چاقىرىلغان بولۇپ، كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر تەنپەرۋەرلىرى بىلەن ياشلىرى، ئالىملار بىلەن زىيالىيلار، دىنىي زاتلار بىلەن تونۇلغان تىجارەتچىلەردىن 30 دىن ئوشۇق مۆتىۋەرلەر قاتناشتى.

مەجلىسنى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي مىللىي بىرلىك سېپىنىڭ رەئىسى، «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى»نىڭ باش مۇھەررىرى يازغۇچى يۈسۈپبەگ مۇخلىسى ئېچىپ، 5 سائەت داۋام قىلغان بۇ مەجلىستە ئاخىر نەتىجە تۆزى دۇنيا سىياسىتى تەھلىل قىلىندى.

مەجلىستە بىرلا مەسىلە قارالدى. ئۇ تولۇق ۋە ئىشەنچلىك شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى مىللىي تەقدىرىگە قول-قول ئەسقاتىدىغان بىر سىياسىي كومىتېت تەسىس قىلىش مەسىلىسى بولۇپ، بۇ ھەقتە ئىنقىلابىي مىللىي بىرلىك سېپىنىڭ يولغا قويمىقلىق لايىھىسى ھەر كۈرسىدىكى سەرداتى بەگلىكلىك ئىشەنچ تاشۇئاس ئازات ھەيكىلىدىكى تولۇق شەرھىلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. بۇ لايىھە بەش سائەت جەريانىدا پۈتۈن مەجلىس ئەھلىنىڭ قىزغىن سۆزگە چىقىشى بىلەن ئەتراپلىق ۋە جەددىي مۇنازىرە ۋە مۇھاكىمە قىلىندى. نەتىجىدە پۈتۈن مەجلىسچىلارنىڭ تولۇق قوشۇلۇشى بىلەن (قارشى بولغان بىرمۇ كىشى بولمىدى. ئەھۋال) بۈگۈن قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستانلاردا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە پۈتۈن تولۇق ۋە ئىشەنچ شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق ئىلغار كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، مۇستەھكەم ھەم ساغلام بىر كومىتېت تەسىس قىلىشقا كېلىشتى. بۇ كومىتېت: «دۆلەتلەرئارا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتى» - دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. مەجلىس ئۇ قۇرۇلتاي مىللىي كەيپىيات، ئالىي ھىممەت ۋە چىن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئىچىدە يېپىلدى.

دۆلەتلەرئارا شەرقىي تۈركىستان كومىتېتىنى ھىمايە قىلايلى!

ئالمۇتا، 1991 - 29 - دېكابىر

# شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى

شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيى مىللىي
بىرلىك تەشكىلاتىنىڭ نەشر ئەپكارى

گېزىت 1979-يىل
ئاپرېلدىن ئېتىبارەن
چىقىۋاتىدۇ.

Голос Восточного
Туркестана

1991
دېكابىر
115
سان


شەرقىي تۈركىستان بىزنىڭ مۇ-
قەددەس زېمىنىمىز، بىز ئۇنىڭ پەرزەنتىمىز
ۋە مەڭگۈ ئۇنى گۈچمەس ئەۋزىمىز. بىز
ئۇنى قەدىرلەيمىز، بىردە قىقىز يادىمىز-
دىن چىقارمايمىز. ئۇنىڭ ئەركىن-ئازات
مەملىكەتلىك مۇستەقىللىقى بولسا خىتاي
مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئاداققىچە
چېلىشايلى!

## پۈتۈن ئەقلىمىز بىلەن ھوشىمىزنى، ئىشىمىز بىلەن ھەرىكىتىمىزنى ۋە ناھايەت ھەربىر ئېغىز سۆزىمىز بىلەن قەدىمىمىزنى ئاناۋەتەنگە بېغىشلاپ مىللىتىمىزنى خىتاي ئاپىتىدىن تېزراق قۇتقۇزايلى!

بۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىدىكى "تېز قۇتقۇزايلى!" دېگەن سۆزنى بۈگۈن ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىق ئۆز-
چىلىك چىن دىلىدىن چۈشىنىدۇ، چۈنكى خەۋپ-خەتەر تېز قۇتقۇزۇشنى
تەلەپ قىلىدىغان ھالەتكە يەتتى. يۇرتىمىزنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن
دەۋايىمىزنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە يەتكۈزۈش ۋە بىلدۈرۈش
زۆرۈرىيەت.

ۋاھالەنكى، ھازىر ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالغان خىتاي
باسقۇنچىلىرى مىللىتىمىزگە قارشى مىللىي زۇلۇم ئىسكەنجى-
سىنى ۋە ئىقتىسادىي بۇلاڭ-تالاڭچىلىقنى ۋەھشىيلەرچە كۈچەيت-
مەكتە. بۇ ئىشلار كۈچىيىۋاتقان، ئۇنىڭ قاباھەتلىك نەتىجىسى
ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلاشماقتا. ... كۆزىتىش
مۇمكىن ئەمەس. بىز بۈگۈن بۇ ھەقتە مەزمۇندا ئۇنىڭدىن بەزى
قاتتىق ئۆلچەملىك پاكىتلارنى كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى: 1980-يىللىرى بېشىدا تەيۋەن تەلەت ئەكەلتۈر-
گۈچىلەرنىڭ ئۇرۇشنى بويىچە پۈتۈن خىتايدا 501 تۈرمە-
لاگېر بولۇپ، ئۇنىڭدا مىليونلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ئازاب-
لىنىۋاتقانلىقى مەلۇم بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئىچىدە شەرقىي
تۈركىستاندا خىتاي دىكتاتورلىرىنىڭ 70 تىن ئوشۇق تۈرمە
لاگېرلىرىنىڭ بارلىقى، ئۇلاردا 100 مىڭغا يېقىن مىللىي مەھبۇس-
لارنىڭ ئازاب چېكىۋاتقانلىقى مەلۇم بولغان ئىدى. 1985-
يىلى ئۈرۈمچى، غۇلجا، قارامايلاردا يۈز بەرگەن نامايىش-
لاردىن كېيىن خىتاي ھەربىيلىرى بىلەن ساقچىلىرى يالغان-
لىق تۈرمىدە ۋەتىنىمىز بويىچە بوشىتىلماسلىق ئۈچۈن يۈزلىگەن
يازالاش ئېلىپ بېرىپ 15 مىڭدىن ئوشۇق ياشلىرىنى قاماققا
ئالدى (شۇ ۋاقىتتا ئازىيان 1986-يىلى 60 ياشقا قارالغان).
1989-يىلى ئۈرۈمچىدە 19-ماي ۋەقەسىدىن كېيىن 8 مىڭ
كىشى قاماققا ئېلىنىپ، يۈزلىگەن جەسۇر ئىنقىلابچى ۋە
تېشى ئۆلتۈرۈلدى. تونۇشقان رەسمىي ئاتالغۇ ئىچىدە 1983
يىلى تۈرمىدە غۇلجا ئۇقۇغۇچىلىرىنىڭ خىتايغا قارشى بو-
لۇپ ئۆتكەن نامايىشىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ يېقىنلىرى بىلەن
بىللە يۈزلىگەن بالىلار تەقىپ قىلىنىپ، 8 يالغۇز
يىللىقتىن تۈرمىگە كېسىلدى. ئۇلارنى قوغداپ مەيدانغا
چىققانلار ۋەكىلەتلىك قەيسەرلىكى ئۈچۈن ياش
ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. 1990-يىلى قەشقەر بارىن
ۋەقەسى باھانىسى بىلەن پۈتۈن جەنۇبىي شەرقىي تۈرك-
ستاندا 200 مىڭدىن ئوشۇق خىتاي ئارمىيىسى قوشۇلۇپ،
8 مىڭدىن ئوشۇق مۇسۇلمانلارنى قاماققا ئالدى. بۇلاردىن قاماققا
قاماققا ئېلىنغانلارنىڭ ئۇلارنى ئىختىيارىيچە ئېتىپ چېپىشلاپ ۋە
ھازىرمۇ تۈرلۈك باھانىلەر ئاستىدا ئازاب قىلىنىۋاتىدۇ.
بۇنىڭدىن مەلۇم بولۇشىچە ھازىر ۋەتىنىمىزدىكى خىتاينىڭ
تۈرمە لاگېرلىرى 90 دىن ئېشىپ، مەھبۇسلار سانى 150 مىڭغا
يېتىپ بارغان.

مانا، بۇ كەينى-كەينىدىن كۆچۈپ كېلىۋاتقان مىللىي بېسىنقۇ-
رىشلارغا جەھەتتىن مەنتىقىسىز مەھرۇم مىللىي ئانا تىلى-
لارنى يوقىتىشتەك كۈچلەرنىڭ بىرى ئاتوم پارتلىتىش ئارقىسىدا بىلەن
ھۆكۈمەتلەر ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن زەھەرلەرنى، يەنە پەر-
زەنتلىرىمىزنىڭ بوشىتىلىشىغا قىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ
ئانىلارنىڭ ئاھ-زارلىرىنى ۋە نىداسىنى بىلەن چۈشەنگەن ئۈلگۈرمە
جەسۇر ئايال زۆھرىخانىم ئۇ يىلى 9-دېكابىر ئۈرۈمچىدىكى
بىر تۈرمىگە كىرىپ، ئۇنىڭ دەۋالىرى ئۈچۈن ئۇنىڭ توختىشى
ئۈچۈن ئۈرۈمچى رادىيوسىنىڭ نۇقسانلىرى رېزوگرامما
ئالماقچى قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ رادىيو خەۋىرىگە قارىغاندا،
شۇ تەكشۈرۈلگەن تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنىڭ 80 پىرسەنتى
ياشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ 51 پىرسەنتى 17-18 ياشلىق ئوقۇغۇچىلار
قالغانلىرى ياشلار بولغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىنىي ئىلىم
ياشلىقىدا ئىشەنچىلىك قىلغان، ئىسلامىي ئۆگەنگەن يالغۇز
قوغلىنىش، ۋەتىنىنى، تىلىنى، دىنىنى جەسۇرلۇق بىلەن
جېلىم قىلغان. ئۇلارنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇ-
چىلىرىغا خىتاي ساقچىلىرى ئېلىنىۋاتقان. ئۈرۈمچى رادىيوسى شۇ
يىلى 14-دېكابىر خەۋىرىدە ئېلان قىلىشىچە، يالغۇز ئۈرۈمچى-
دىكى مەكتەپلەرگە يىلدا 2600 ھەرخىل يالغان يالغانلىرى
تۈزۈلۈپ، ھەر يىلى 700 خىتاي
تۈرلۈك رەھبەرلىك مەكتەپلەرگە تۈرمىنى تەشكىل قىلغان. بىز
بۈگۈن ۋەتىنىمىزدە ئۇنىڭ ئالدىدا تارىم تۈرىدىن
ئىبارەت زۇلۇملارغا تۈرمىدە خىتاي ئاتىشى ئۈچۈن 3000
دىن ئوشۇق يالغانلار شەرقىي ئالى مەكتەپلەرگە جايلاش-
تۇرۇلغان ئىدى. ئوتتۇرىدىنى ئالى مەكتەپلەرگە كەتكەن
خىتاي ياشلىرىنىڭ سانى 70 پىرسەنتتىن ئاشتى.

ئىككىنچى: كۆپىيىشنى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى
جىسمانىي يوقىتىش ئىشى، روھىي جەھەتتىن ئازايتىپ، ئائىلە-
ۋىي تەركىبلىرىنى بۇزۇپ، مىللىي ياشلارنىڭ يەنە
بىرى-مىللىتىمىزنىڭ مىللىي ئۆسۈشىگە، نەسلى-نەسەبىگە
ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىغا قارشى قاباھەتلىك قەستەن ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان
جىنايەت. دېگەن شۇم سىياسەت ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.
خىتاينىڭ ۋەتىنىمىزدە بۇ قاباھەتلىك قەستلىك سىياسەتنى ئىجرا-
لاشتۇرۇش ئۈچۈن چوڭ مەقسىتى بار. ئۇنىڭ بىرى مىللىتىمىز-
نىڭ سانىنى ھەقىقەتەن يوقىتىپ مىللىي مۇستەقىللىقىمىزنى
ئېلىۋېتىش، ئىككىنچىسى، نەسلىمىزنى يوقىتىپ ئۆز-
گەرتىپ ئۆزلىگە ئوخشاش ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش، ئۈچىنچىسى،
ۋەتىنىمىزدە ئۆزلىرىنىڭ خىتاي سانىنى كۆپەيتىشكە ئۆزىنىچە
قانۇنىي يول ئېچىش.

خىتاي ۋەھشىي ئاتىلىرى بۇ ئۈچ مەقسەتكە يېتىش
ئۈچۈن ئۈچ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ.
ئۇنىڭ بىرىنچىسى، بىزنىڭ ھازىرقى ھەقىقىي كۆپ مىليونلۇق

МЕЖДУНАРОДНОЕ АНТИЯДЕРНОЕ ДВИЖЕНИЕ "НЕВАДА-СЕМИПАЛАТИНСК"
СОВМЕСТНО С
МЕЖДУНАРОДНЫМ КОМИТЕТОМ "ВОСТОЧНЫЙ ТУРКЕСТАН"

ОРГКОМИТЕТ ПО ПРОВЕДЕНИЮ МЕЖДУНАРОДНОЙ КОНФЕРЕНЦИИ
ПО ПРОБЛЕМАМ РАКЕТНО-ЯДЕРНОГО ПОЛИГОНА "ЛОП-НОР"
В ВОСТОЧНОМ ТУРКЕСТАНЕ /СУАР КНР/

# И Н Ф О Р М А Ц И О Н Н О Е   П И С Ь М О

Уважаемый(ая) دوقتىم قادىرى ھاجىم جانابلىرىغە

Приглашаем Вас принять участие в Международной конференции по проблемам закрытия ракетно-ядерного полигона "ЛОП-НОР", которая состоится г. Алма-Ате 27-28 марта 1992 г.

Один из пяти действующих ядерных суперполигонов, Семипалатинский, перестал действовать в первую очередь, волею народов, живущих вокруг него. Но в мире действуют и другие атомные полигоны, один из которых находится в непосредственной близости от государственных границ суверенных государств - Монголия, Казахстан, Кыргызстан.

Считаем важным подчеркнуть то, что полигон "ЛОП-НОР" находится на исконной земле уйгурского народа - ВОСТОЧНОМ ТУРКЕСТАНЕ.

Целью данной конференции является всестороннее освещение экологических проблем, созданных многолетней деятельностью китайского полигона "ЛОП-НОР" и ВПК бывшего СССР на территории Вашего государства.

Ваши предложения в виде тезисов не более трех страниц машинописного текста будут опубликованы в сборнике выступлений участников конференции.

Убедительно просим содержание этого Информационного письма довести до сведения Ваших коллег.

Тезисы представлять не позднее 20 марта 1992 г. по адресу:
480124, г. Алма-Ата, ул. Комсомольская, д. 290, кв. 29 Адилову Б.К.
дом.тел. 40-51-98, сл.тел. 63-57-11, 63-36-55;
480042, г. Алма-Ата, мкрн Таугуль, д. 24, кв. 155   Азату Акимбеку
дом.тел. 20-59-09.

Заявки на бронь гостиницы подавать до 13 марта.

Темы докладов, фамилии выступающих, фамилии участников от Вашего государства желательно представить Оргкомитету Конференции как можно пораньше.

ОРГКОМИТЕТ